بىزنىڭ بايرىمىمىز . دۇەنۋۇ

# تۇردا، تۇر سىرتىدا ئىستېمال ئاشتى، مەدەنىيەت ـ ساياھەت پائالىيىتى «بۇلۇت تېرمىنالى»غا قەدەم باستى

□شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرلىرى

زۇڭزا يېيىلدى، خۇش پۇراق خالتا ئېسىلدى، ئەجدىھا قولۋاق مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى، بۇلار دۇەنۋۇ بايرىمىدىكى مەدەنىيەتكە ۋارىسلىق قىلغانلىق. شۇنىڭ بىلەن بىللە، پەسىللىك تاۋار ئىستېمالى كۈچەيدى، ئۆرپ ـ ئادەت بويىچە بايرامنى تەبرىكلەش پائالىيەتلىرى «بۇلۇت تېرمىنالى»غا قەدەم باستى، ئەنئەنىۋى بايرام دەۋر يېڭى ئالاھىدىلىكىنى نامايان قىلدى.

## زۇڭزىنىڭ مەززىلىك ھىدى تارالدى، ھەرقايسى جايلارنىڭ مەدەنىيەت ـ ساياھەت پائالىيىتى «بۇلۇت تېرمىنالى»غا قەدەم باستى

ئۈچ كۈنلۈك دۇەنۋۇلۇق دەم ئېلىشتا، شاڭخەي شەھىرى ئاھالىسى شۇ خەيچىڭ كۆرۈشمىگىلى ئۇزاق بولغان نۇرغۇن ئۇرۇق ـ تۇغقان، دوست ـ بۇرادەرلىرى بىلەن يەنە بىر قېتىم جەم بولدى، ئۇرۇق ـ تۇغقان، دوست ـ بۇرادەرلەرنى يوقلاشتا چوقۇم تەييارلىنىدىغان يېمەكلىك زۇڭزا تەبىئىيلا كەم بولسا بولمايتتى. «دۇەنۋۇ دۆلىتىمىز يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى دائىملاشتۇرۇش باسقۇچىغا كىرگەندىن بۇيانقى تۇنجى قېتىملىق ئۇرۇق ـ تۇغقان، دوست ـ بۇرادەرلەرنىڭ جەم بولۇشقا ماس كېلىدىغان، ئۆزئارا ئامان ـ ئېسەنلىك تىلىشىدىغان جۇڭخۇا ئەنئەنىۋى بايرىمى» دېدى شۇ خەيچىڭ.

ئاھالىلەرنىڭ ئىستېمال قىزغىنلىقى يۇقىرى بولغاچقا، داڭلىق زۇڭزا مەھسۇلاتلىرى توردا، تور سىرتىدا ياخشى سېتىلدى، شاڭخەينىڭ شەھەر رايونىدىكى دۇكانلارنىڭ سىرتىدا ئىستېمالچىلار تەرتىپلىك ئۇزۇن ئۆچىرەتتە تۇردى؛ بىۋاسىتە كۆرسىتىش، توردا سېتىۋېلىش سۇپىلىرىدا توردىشلار بىر تەرەپتىن ھەمتۈرتكە بولۇپ، بىر تەرەپتىن «تالىشىپ سېتىۋالدى».

شىڭخۇالۇ يېمەكلىك، يېمەك ـ ئىچمەك پاي چەكلىك شىركىتىنىڭ مۇئاۋىن باش دىرېكتورى جى جىڭ مۇنداق دېدى: بۇ يىل دۇەنۋۇدا ئېھتىياجغا ئاساسەن 3 مىليون 800 مىڭدىن ئارتۇق زۇڭزا ئىشلەپچىقاردۇق، مەھسۇلات مىقدارى بۇلتۇرقىدىن بىر قاتلاندى. سۈپەتلىك، ئەرزان، خالتىلىق زۇڭزا ياخشى سېتىلىپلا قالماي، باھاسى 150 نەچچە يۈەندىن 250 نەچچە يۈەنگىچە بولغان سوۋغات قاپلىق زۇڭزىغا بولغان ئېھتىياجمۇ ناھايىتى يۇقىرى بولدى.

«يۇقۇمنى باشتىن كەچۈرگەندىن كېيىن، كىشىلەر ساغلاملىققا تېخىمۇ ئەھمىيەت بېرىدىغان بولدى، يېمەكلىك، يېمەك ـ ئىچمەك ئىستېمالىنىڭ دەرىجىسى ئۆستى، تېخىمۇ كۆپ ئىستېمالچىلار توردىن سېتىۋېلىشقا كۆنۈپ قالدى» دېدى جى جىڭ.

6 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن 21 ـ كۈنىگىچە، تاۋباۋنىڭ تيەنماۋ سۇپىسىدا زۇڭزىنىڭ پۈتۈشۈش سوممىسى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 153% ئاشتى. بۇنىڭدىن سىرت، نومى گۈرۈچى، زۇڭزا يوپۇرمىقى قاتارلىق يېمەكلىك ماتېرىياللىرىنىڭ پۈتۈشۈش سوممىسى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن زور دەرىجىدە ئاشتى، يەنە «ئۆزلۈكىدىن ئىسسىيدىغان» زۇڭزا، «سۈنئىي گۆش» زۇڭزىسى قاتارلىق يېڭى تۈرلەرمۇ مەيدانغا كەلدى.

ھەرقايسى جايلاردىكى مەدەنىيەت ـ ساياھەت پائالىيەتلىرىمۇ قالتىس جانلاندى. شاڭخەي خۇەنلېگۇدىكى «زۇڭزا شادلىقىدىن بەھرىمەن بولۇش» پائالىيىتى نەق مەيداندا، ئەنئەنىۋى چۈگۈنگە چوكا تاشلاش پائالىيىتى نۇرغۇن ساياھەتچىنى قاتنىشىشقا جەلپ قىلدى؛ شاڭخەي خەيچاڭ دېڭىز ـ ئوكيان باغچىسىنىڭ يۇلتۇزلۇق كېچە مەيدانى قايتا جانلاندى. شىئەندە، داتاڭ كېچە بولماس شەھەر پىيادىلەر كوچىسىدا، ساياھەتچىلەر ئۆزلىرى قول سېلىپ پىشۇرغان ماش تورتىنى يېگەچ «تاڭ شىنۇ»لەر ئورۇنلىغان ناخشا ـ ئۇسسۇل نومۇرلىرىنى كۆردى؛ دامىڭگۇڭ دۆلەت خارابىسى باغچىسىدا، كىشىلەر تاڭجۇاڭ كىيىپ، شيۇڭخۇاڭ سۈركەپ، لىڭجياۋ باغلىدى، ئەنئەنىۋى ئۆرپ ـ ئادەت بىلەن زامانىۋى تۇرمۇش يۇغۇرۇلۇپ كەتتى.

ئەنئەنىۋى ئۆرپ ـ ئادەت پائالىيەتلىرى «بۇلۇت تېرمىنالى»دا ھاياتىي كۈچىنى تېخىمۇ ئۇرغۇتتى. چۇ يۈەننىڭ يۇرتى خۇبېي ئۆلكىسى زىگۈي ناھىيەسىدە، ئىلگىرىكى يىللاردىكى ئەجدىھا قولۋاق مۇسابىقىسى، ئېگىر كېيىش، شېئىر مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈش قاتارلىق تور سىرتىدىكى ئادەملەر توپلاشقان مەنزىرىدىن پەرقلىق ھالدا، «2020 ـ يىللىق چۇ يۈەن يۇرتىدىكى دۇەنۋۇ مەدەنىيەت بايرىمى»نىڭ يۈيۈقى «بۇلۇت»تا ئېچىلدى. «چۇ يۈەننىڭ يۇرتى بۇلۇت كۆرگەزمە سارىيى»نىڭ بېتىگە كىرىپ، سىن ئۇلانمىسىنى چېكىپ ئاچقاندا، تاماشىبىنلار خۇددى «چۇ يۈەننىڭ يۇرتىدىكى دۇەنۋۇلۇق تاۋاپ قىلىش» مۇراسىمى نەق مەيدانىغا كېلىپ قالغاندەك ھېس قىلىدۇ.

## كېسەللىك تۈگىتىلىپ يۇقۇمنىڭ ئالدى ئېلىندى، «يۇقۇم»غا تاقابىل تۇرۇش جېڭى ئاساسقا ئىگە بولۇپ، تۇرمۇش خاتىرجەملىككە تولدى

شىئەننىڭ شەھەر دەرىجىلىك غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسى تۈرى بولغان يەنتا پاختا تالاسى رەسىمى ياساش ھۈنىرىنىڭ ۋارىسى جاڭ باۋلەن داتاڭ كېچە بولماس شەھەر پىيادىلەر كوچىسىدىكى بىر كۆرگەزمە سۇپىسىدا ساياھەتچىلەرگە خۇش پۇراق خالتىنى قانداق ياساشنى كۆرسەتتى. «زەھەر ھەيدەش، يامانلىقتىن ساقلاش دۇەنۋۇ مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى، ‹دۇەنۋۇ كەلسە، بەش زەھەر يوقايدۇ›، شۇڭا كىشىلەر خۇش پۇراق خالتىسى ئېسىۋالىدۇ».

ئۇ مۇنداق دېدى: دۆلىتىمىز ھازىر يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى دائىملاشتۇرۇش باسقۇچىدا تۇرۇۋاتىدۇ، كىشىلەر كېسەللىكنى تۈگىتىپ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا ئەھمىيەت بېرىۋاتىدۇ، ماسكا تاقاش، قولنى يۇيۇپ تۇرۇش، ئارىلىق ساقلاش، ئايرىم تاماق يېيىش قاتارلىق يېڭى ئادەتلەر دۇەنۋۇ ئەنئەنىۋى ئۆرپ ـ ئادەتلىرى بىلەن ماسلاشماقتا.

جۇڭچىڭدىن كەلگەن ساياھەتچى دۇ گاڭ شىئەن ئاشخانىسىغا كىرىپ مەززىلىك تائاملارغا ئېغىز تەگدى. ئاشخانىغا كىرىشتىن بۇرۇن كودنى سىكانىرلاپ تېمپېراتۇرىنى ئۆلچەشتى، دۇكاندىكى قاچا ـ قۇچىلارنى قاتتىق دېزىنفېكسىيە قىلىشتى، تاماقلانغاندا ئاممىۋى چوكا، ئاممىۋى قوشۇق ئىشلىتىشى قاتارلىق يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش تەدبىرلىرى ئۇنى ناھايىتى خاتىرجەم قىلدى. «ئىنچىكە بولغان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرى كىشىگە ‹يۇقۇم›غا قارشى تۇرۇشنىڭ ئاساسقا ئىگە بولغانلىقى، تۇرمۇشىمىزنىڭ ناھايىتى خاتىرجەملىككە تولغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدۇرىدىكەن» دېدى دۇ گاڭ.

پۈتۈن مەملىكەت بويىچە A دەرىجىلىك 10 مىڭ 64 ساياھەت مەنزىرە رايونىنى ئېچىۋېتىش ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، ھەرقايسى جايلاردىكى ساياھەت مەنزىرە رايونلىرى «چەك قويۇش، ئالدىن كېلىشىش، ۋاقىت ئايرىلىپ قالدۇرۇش»تا چىڭ تۇردى، كۈتۈۋالغان ساياھەتچى مىقدارى ئەڭ چوڭ سىغدۇرۇش مىقدارىنىڭ 30%ىدىن ئېشىپ كەتمىدى. شاڭخەيدە، 100دىن ئارتۇق دۆلەت A دەرىجىلىك مەنزىرە رايونى ئىشىك ئېچىلىشتىن ئالدىن كېلىشىش مېخانىزمىنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇپ، «ئالدىن كېلىشىپ ساياھەت قىلىش»نى دائىملاشتۇرۇش ئۈستىدە ئىزدەندى. خۇبېيدا، مەدەنىيەت ساياھىتى مەيدان سارايلىرى ئېچىۋېتىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش لايىھەسىنى قاراتمىلىق ھالدا تۈزۈپ چىقتى. مەسىلەن، خۇبېي ئۆلكىلىك كۇتۇپخانا كىتابلارنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ، قايتۇرغان ۋە ئارىيەت ئالغان كىتابلارنى قاتتىق ئومۇملۇق دېزىنفېكسىيە قىلدى.

ئىشلەپچىقىرىش كارخانىلىرى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنى ئىسمىنا قوشۇپ ئىشلەشكە تەشكىللەپ، ئىستېمالنىڭ جانلىنىش مەزگىلىدە تۈرلۈك مەھسۇلاتلارنىڭ تەمىناتىغا كاپالەتلىك قىلدى. شىڭخۇالۇنىڭ شاڭخەيدىكى دۆلمە يېمەكلىك ئىشلەپچىقىرىش سېخىدا، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر زۇڭزا يوپۇرمىقىنى ماھىرلىق بىلەن قاتلاپ، ئىچىگە نومى گۈرۈچى، يېڭى گۆش قاتارلىقلارنى سېلىۋاتاتتى...

جى جىڭ تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: يۇقۇم مەزگىلىدە، سېختىكى مەشغۇلات سۇپىسىنىڭ سانىنى ئازايتتۇق، ئەسلىدە ئىككى ئادەم بىر سۇپىنى ئورتاق ئىشلىتىشنى بىر ئادەم بىر سۇپىنى ئىشلىتىشكە ئۆزگەرتىپ، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ئارىسىدا يېتەرلىك ئارىلىق قالدۇردۇق. «بۇ يىل زۇڭزا بازىرىدا ئېھتىياج كۆرۈنەرلىك ئاشتى، ئەمما سېختا بىرلا ۋاقىتتا مەشغۇلات قىلىدىغان ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ سانى چەكلىمىگە ئۇچرىدى، شۇڭا زاۋۇت مۇددەتتىن بۇرۇن پىلان تۈزۈپ، زۇڭزا ئىشلەپچىقىرىشتا تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىشنى يولغا قويدى».

خۇبېي مەدەنىيەت ساياھىتى بازىرىنىڭ جانلىنىشىغا ئەگىشىپ، مېھمانساراي لازىمەتلىكلىرى، پەسىللىك سوۋغاتلار خەنكوۋنىڭ شىمالىدىكى «ئاقىل بازار»دا دۇەنۋۇلۇق دەم ئېلىش مەزگىلىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە نۇقتىلىق تونۇشتۇرۇلىدىغان سودا تۈرىگە ئايلاندى، تىجارەتچىلەر تېمپېراتۇرىسىنى ئۆلچىتىش، ساغلاملىق شىفىرىنى تەكشۈرتۈش قاتارلىق قاتتىق تەرتىپلەردىن كېيىن، بازارغا كىرىپ سودا قىلىدۇ.

## «تەتۈر شامالغا قارشى» ئالغا ئىلگىرىلىدى، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتتا يېڭى ھەرىكەت ئېنېرگىيەسى كۈچ قوشتى

شاڭخەي شەھىرى خۇڭكوۋ رايونىدىكى بىر كەچلىك بازاردا، رەڭدار گۈرۈچ زۇڭزىسى، جۇڭگو قاتارلىق يۈننەن ئۆلكىسى ۋېنشەن جۇاڭزۇ ـ مياۋزۇ ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ خاس يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى «كۆزنى چاقنىتىپ مەيدانغا چىقتى»، بۇ مەھسۇلاتلار نۇرغۇن قېتىم «ئىستېمال ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش» بىۋاسىتە كۆرسىتىشىدە ياخشى سېتىلغانىدى. شاڭخەي شەھىرى ئاھالىسى ليۇ دو رەڭدار گۈرۈچ زۇڭزىسىنى ئىنتايىن ياقتۇردى، بۇ ھەم بىزنىڭ «كۆك ـ تاق»ىمىزنى مولاشتۇرىدىكەن، ھەم شۇ جايدىكى پۇقرالارنىڭ «ئاشلىق خالتىسى»نى تولدۇرىدىكەن، ئەلۋەتتە «چوقۇم سېتىۋالىمەن»».

ۋېنشەن ئوبلاستلىق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى پەن جيەنۋاڭ مۇنداق دېدى: شاڭخەينىڭ يۈننەنگە ياردەم بېرىش خىزمىتىدە 1 ـ، 2 ـ، 3 ـ كەسىپلەرنىڭ يۇغۇرما تەرەققىياتى كۆزدە تۇتۇلۇپ، شۇ جايدا مەبلەغ سېلىپ سۇغىرىش ئېرىق ـ ئۆستەڭ، سۇغىرىش تۇرۇبا تورى قۇرۇپ، ئىشلەپچىقىرىش خاراكتېرلىك ئۇل ئەسلىھەلەرنى پۈختىلاشتىن تارتىپ، يېزا ئىگىلىك خاس مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاش زاۋۇتى، توڭلىتىش ئىسكىلاتىنى قۇرۇپ 2 ـ كەسىپنىڭ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشنى ئىلگىرى سۈرۈشكىچە، يەنە بۈگۈنكى كۈندىكى بىۋاسىتە سېتىش، بىۋاسىتە كۆرسىتىش سۇپىسىدىن پايدىلىنىپ 3 ـ كەسىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقىچە بولغان مەزگىلدە، شاڭخەي بىلەن يۈننەننىڭ ئىقتىسادىدا يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا «ئوخشاش چاستوتىلىق رېزونانس» ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

«كادىرلار ۋە ئامما بىر نىيەتتە ھەمكارلىشىۋاتىدۇ. ھازىرقى قىيىن ئۆتكەلدىن چوقۇم ئۆتۈپ كېتىمىز. بىز چوقۇم نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈپ، قول تۇتۇشۇپ ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەتكە ئاتلىنىمىز» دېدى ئۇ.

دۇەنۋۇلۇق دەم ئېلىش مەزگىلىنىڭ تۇنجى كۈنى، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە جەمئىي 17 مىليون 276 مىڭ ئادەم قېتىم دۆلەت ئىچى ساياھەتچىسى كۈتۈۋېلىنىپ، دۆلەت ئىچى ساياھەت كىرىمى 4 مىليارد 470 مىليون يۈەنگە يەتكۈزۈلدى. شيېچېڭ ساياھەتچىلىكى چوڭ سانلىق مەلۇمات بىرلەشمە تەجرىبىخانىسىنىڭ تەتقىقاتچىسى پېڭ لياڭ تەھلىل قىلىپ مۇنداق دېدى: شيېچېڭ سۇپىسىنىڭ دۇەنۋۇدىكى زاكاز تالونى 5 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدىكىدىن يەنە ئاشتى. كىشىلەرنىڭ گۈزەل تۇرمۇشقا بولغان ئىنتىلىشى يۇقۇم سەۋەبىدىن ئۆزگىرىپ قالمىدى، بۇ، دۆلىتىمىز ئىقتىسادىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىدىكى غايەت زور بازار ئېھتىياجى ئاساسىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدۇ.

پۇقرالار ياقتۇرىدىغان تور يېڭى ئىقتىسادى تاشقى سودا، تاشقى مەبلەغ ئاساسىنى مۇقىملاشتۇرۇشتىمۇ مۇھىم رول ئوينىدى. دۇەنۋۇ يېتىپ كېلىش پەيتىدە ئەمدىلا يېپىلغان، تۇنجى قېتىم «بۇلۇت تېرمىنالى»غا تولۇق چىقىرىلغان جۇڭگو ئىمپورت ـ ئېكسپورت تاۋارلىرى يەرمەنكىسى (گۇاڭجوۋ يەرمەنكىسى)نىڭ بۇلۇت سۇپىسى 217 دۆلەت ۋە رايوندىن كەلگەن چېگرا سىرتىدىكى سېتىۋېلىش سودىگەرلىرىنى رويخەتكە ئالدۇرۇپ كۆرگەزمىنى ئېكسكۇرسىيە قىلىشقا جەلپ قىلدى. كېلىش مەنبەسىنىڭ تارقىلىش جەھەتتە تارىخىي رېكورت يارىتىلدى، بۇلۇتتا مەھسۇلات تونۇشتۇرۇش، بۇلۇتتا توختام ئىمزالاش قاتارلىق ئىجادىي ئەندىزىلەرمۇ يەرمەنكىگە قاتناشقان ھەرقايسى دۆلەت سودىگەرلىرىگە قولايلىق يارىتىپ بەردى.

شاڭخەي مالىيە ـ ئىقتىساد داشۆسى جۇڭگو كەسىپ تەرەققىيات تەتقىقات يۇرتىنىڭ دائىمىي مۇئاۋىن باشلىقى يۇ دىيەنفەن مۇنداق تەھلىل قىلدى: دۆلىتىمىزنىڭ تور يېڭى ئىقتىسادى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىۋاتىدۇ، يېڭى ئاساسىي قۇرۇلۇش تۈرلۈك كەسىپلەرگە قۇۋۋەت قوشتى، تەمىنات بىلەن ئېھتىياج ئەسلىگە كېلىپ بىر ـ بىرىنى ئىلگىرى سۈردى، ئىقتىسادنىڭ يېڭى ھەرىكەت ئېنېرگىيەسى سىجىل كۈچ قوشتى. گەرچە يېڭى تىپتىكى تاجىسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى خەلقئارا، دۆلەت ئىچى ئىقتىسادىغا بەلگىلىك ئېنىقسىزلىق ئېلىپ كەلگەن بولسىمۇ، پەقەت بىز بىر نىيەتتە ئىتتىپاقلىشىپ، غەيرەت بىلەن پالاق ئۇرساقلا، جۇڭگو ئىقتىسادىنىڭ ئەجدىھا كېمىسى چوقۇم باتۇرلۇق بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەپ، يۇقىرى ئېقىنغا يېتەلەيدۇ.

**(مۇخبىرلار چېن ئەيېڭ، لياڭ جيەنچياڭ، سەي شىنيى، ۋاڭ شياۋدەن)**

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 6 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى تېلېگراممىسىغا ئاساسلانغان)**



6 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى، ساياھەتچىلەر ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى داۋانچىڭ تۇزكۆل مەنزىرە رايونىدا سەيلە قىلىپ، دۇەنۋۇلۇق دەم ئېلىشتىن خۇشال بەھرىلەنمەكتە.

□پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز چېن مېيخۇا فوتوسى

# گۈزەل شىنجاڭنىڭ كېچىلىك مەنزىرىسى يارقىنلىقى بىلەن كىشىنى مەستخۇش قىلدى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

بارغانسېرى قاراڭغۇ چۈشۈپ، ھەرقايسى يايلىمىلار مېھمانلار بىلەن لىق تولدى، كۆپچىلىك ئېسىل تائاملارغا ئېغىز تېگىپ، بىرلىكتە تىنچ ـ ئىناق بولغان بەختلىك تۇرمۇش ئۈچۈن ئارقا ـ ئارقىدىن قەدەھ كۆتۈردى.

## كېچىدە سودا سارىيى ـ تاللا بازارلىرى تىجارەت ۋاقتىنى ئۇزارتتى

6 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى كەچتە، سانجى شەھىرىگە جايلاشقان ئاپتونوم رايونىڭ كېچىلىك ئىقتىسادتىن ئۈلگە كۆرسىتىش كوچا رايونى — خۇيجيا شىدەي سانجى مال سېتىۋېلىش مەركىزى مال سېتىۋالىدىغان خېرىدارلارنىڭ كىچىك يۇقىرى پەللىسىنى كۈتۈۋالدى. تاماقتىن كېيىن نۇرغۇن شەھەر ئاھالىسى ۋە ساياھەتچى بۇ يەرگە كېلىپ كېچىلىك سودا قىلىدۇ.

«مال سېتىۋېلىش مەركىزىنىڭ كېچىلىك تىجارەت ۋاقتى بارغانسېرى ئۇزاردى، يەنە ناھايىتى ئېتىبار قىلىپ باھا چۈشۈرۈپ بېرىدۇ، بىز بۇ يەرگە كېلىپ مال سېتىۋېلىشنى ئىنتايىن ياخشى كۆرىمىز» دېدى شەھەر ئاھالىسى مېڭ يۈشەن.

كۆلىمى 220 مىڭ كۋادرات مېتىر كېلىدىغان خۇيجيا شىدەي سانجى مال سېتىۋېلىش مەركىزى سانجى شەھىرىدىكى ئەڭ چوڭ مال سېتىۋېلىش، يېمەك ـ ئىچمەك، ئىستىراھەت، كۆڭۈل ئېچىش قاتارلىقلار بىر گەۋدىلەشكەن تۇرمۇش ئىستىراھەت تۈرىدىكى شەھەر ئۇنۋېرسال گەۋدىسى. ئىستېمالنى قوزغىتىش، كېچىلىك ئىقتىسادنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن، دۇەنۋۇ بايرىمى كۈنى، بۇ مال سېتىۋېلىش مەركىزى تىجارەت ۋاقتىنى ئۇزارتىش، باھانى چۈشۈرۈپ پايدىنى ئۆتۈنۈپ بېرىش قاتارلىق شەكىللەرنى قوللىنىپ، ئىستېمالغا تۈرتكە بولدى. «دۇەنۋۇ بايرىمى كۈنى، مال سېتىۋېلىش مەركىزىدە خېرىدارلارنىڭ ئېقىم مىقدارى 38 مىڭ ئادەم قېتىمغا يېتىپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 5% ئاشتى» دېدى خۇيجيا شىدەي سانجى مال سېتىۋېلىش مەركىزىنىڭ باش دىرېكتورى شى يىنلاڭ.

## كېچىلىك ساياھەت، كېچىلىك كۆڭۈل ئېچىش كۆپ مەنبەلەشتى

6 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى سائەت 20دە، دۆلەت 4A دەرىجىلىك ساياھەت مەنزىرە رايونى — كورلا شەھىرى ئاققۇ دەرياسى مەنزىرە رايونى كېچىلىك ساياھەتنىڭ كىچىك يۇقىرى دولقۇنىنى كۈتۈۋالدى.

ئاستا ـ ئاستا قاراڭغۇ چۈشۈشكە ئەگىشىپ، ئاققۇ دەرياسى مەنزىرە رايونىدا رەڭگارەڭ چىراغلار چاقنىدى، نۇرغۇن ساياھەتچى دەريا بويىنى بويلاپ چىراغ نۇرىدا يالتىراپ تۇرغان ئاققۇ دەرياسىدىن ھۇزۇرلاندى. يەنە ئاز بولمىغان ياش يان تېلېفونىنى ئېلىپ، بىۋاسىتە كۆرسىتىش سۇپىسى ئارقىلىق پۈتۈن مەملىكەتتىكى توردىشلارغا گۈزەل نەشپۈت شەھىرىنىڭ كېچىلىك مەنزىرىسىنى تونۇشتۇردى.

شەكلى ئوماق، ئىقتىدارى تولۇق بولغان كۆچمە تاماق ھارۋىلىرى ساياھەتچىلەر ۋە ئەتراپتىكى ئاھالىلەرنى قولايلىق، تېز مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلەپ، كېچىدىكى ئاققۇ دەرياسىنى «تاماق ھىدى» بىلەن تولدۇرۇۋەتكەنىدى.

6 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى كەچتە، ماناس ناھىيەسىدىكى ئۈزۈم ھارىقى باغچىسىنىڭ لازېر نۇرلۇق سۇ ئۇسسۇلى كۆرگەزمىسى يەنە باشلىنىپ، نۇرغۇن ساياھەتچى ۋە يەرلىك ئاھالىنى كېلىپ تاماشا قىلىشقا جەلپ قىلدى. كۆزنى قاماشتۇرىدىغان گۈزەل سۇ مەنزىرىسى ۋە چىراغ نۇرى ساياھەتچىلەرگە بىر مەيدان گۈزەل كۆرۈش سېزىمى زىياپىتى ئاتا قىلدى.

دۇەنۋۇ بايرىمى مەزگىلىدە، ئۈرۈمچىلىك ساياھەتچى ليۇ جيۈەن دوستلىرى بىلەن ماناسقا ساياھەتكە كەلدى. «كۈندۈزدە سۈلۈك يەرنى سەيلە قىلىپ گۈل دېڭىزىنى تاماشا قىلساق، كەچتە ئېسىل ھاراقلارنى تېتىپ، مەززىلىك تائاملارغا ئېغىز تېگىپ، گۈزەل مەنزىرىدىن ھۇزۇرلاندۇق، ماناس بەك گۈزەل ئىكەن» دېدى ليۇ جيۈەن.

«ئاممىنىڭ يېقىن ئەتراپتا كېچىلىك ساياھەت قىلىش، كېچىلىك بەدەن چېنىقتۇرۇش، كېچىلىك كۆڭۈل ئېچىش ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن، ماناس ناھىيەسى سۈيلەي باغچىسى، ئۈزۈم ھارىقى باغچىسى ۋە شىخەي باغچىسىدىن ئىبارەت ئۈچ باش تېمىلىق باغچىنى ئېچىۋەتتى. بۇ باغچىلارنىڭ مۇھىتى گۈزەل، مەنزىرىسى ئۆزگىچە بولۇپ، ساياھەتچىلەر ۋە ئاھالىلەر كېچىدە ئارام ئېلىپ كۆڭۈل ئېچىش، ئىسسىقتا سالقىنداش ئۈچۈن چوقۇم بارىدىغان جايغا ئايلاندى» دېدى ماناس ناھىيەلىك باغ ـ ئورمان، كۆچەت، گۈل ـ گىياھ كەسپىي ئىدارىسىنىڭ كادىرى چېن يابىن.

**(مۇخبىر شيا چېڭ، قاتناشقان مۇخبىرلار گې يۈجۈن، جاڭ تىڭ، خوتەن مۇخبىرلار پونكىتىدىن جاڭ يۈك، ئىختىيارىي مۇخبىرلار جاۋ شۇاڭ، دۇڭ شىجۈ، چېڭ شىلىن، جاۋ بيې)**